**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

# شىنجاڭ داشۆسى ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى «قوش باشلامچى»لار بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۆگىنىش ۋە پائالىيەت لايىھەسىنى تۈزۈش... يېقىندىن بۇيان، شىنجاڭ داشۆسى ماتېماتىكا ۋە سىستېما ئىلمى شۆبىسىنى ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر 5 - پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەخمەتجان ئىمىن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرتىپ سايلانغان ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجى «قوش باشلامچى»سى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى.

«پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پەنلەر بويىچە ‹قوش باشلامچى› بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۆبىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پەنلەر تەرەققىياتى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشى بىلەن زىچ يۇغۇرۇشتا پائال تۈرتكە بولۇپ، شۆبىمىزنىڭ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشۈم كېرەك» دېدى ئەخمەتجان.

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ داشۆسى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش»نى زىچ چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش كەڭ، بوش، يۇمشاق بولۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتىپ مەسئۇلىيەتچانلىق يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزەپ، ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنى «قوش باشلامچى»لاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى «قوش باشلامچى»لار بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشنى مەكتەپنىڭ ئاساسىي قاتلىمىغىچە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولدى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسىنى سىجىل تۈزەشنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ داشۆسىدىكى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ياچېيكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە دەل ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ياچېيكا خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. مەكتەپ ياچېيكىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش ۋە شۆبىۋەن رەھبەرلىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىغا ياچېيكا شۇجىسىنى سەپلەپ تولۇقلىدى، نۆۋەتتە 70 ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى «قوش باشلامچى»لاردىن بولۇشنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشتى.

باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ مەكتەپ رەھبەرلىرى شۆبىۋەن ۋە ئورۇنلار بىلەن چوڭقۇر ئالاقىلىشىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن باش تېما تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك تۈزىتىش خىزمەتلىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. قىسمەن پارتىيە ياچېيكىلىرىدىكى خىزمەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش قاتتىق بولماسلىق، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىڭى كۈچلۈك بولماسلىق، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن رازى بولۇش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، «بىر ياچېيكىغا بىر تەدبىر بولۇش» تۈزىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، تۈزىتىش ۋاقىت جەدۋىلى، يۆنىلىش خەرىتىسى ۋە مەسئۇلىيەت تىزىملىكى، ۋەزىپە تىزىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

شىنجاڭ داشۆسى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيەسى شۆبىۋەنى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى ئۆگىنىش - تەربىيە ۋاستىسىنى بېيىتىش، پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ياچېيكا بەنزىسىنى كۈچلۈك سەپلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تۈزەش خىزمىتىنى پائال ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيەلەش ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدا قوش يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىنا مۇلازىمەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«تەشكىللەش تەرتىپلىك بولدى، پائالىيەتكە سورۇن بار بولدى، ئۆگىنىشتە ۋاستە بار بولدى.» باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، شىنجاڭ داشۆسى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيەسى شۆبىۋەنى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شى يەنلېي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: يېقىنقى مەزگىلدە، پارتىيە ياچېيكىمىز «ترىشىپ ئۆگىنىش» «تازىلىق ئارقىلىق تۈزەش» قاتارلىق سەككىز جەھەتتە پارتىيە ئەزالىرى ئۈلگىلىك ئىش ئورنىنى باھالاپ، ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توپى ئىچىدىكى يېتەكچىلىك رولى ۋە ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

# ئالتاي ۋىلايىتى يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، چىن دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

«ئىلگىرى ئالتاي شەھەر رايونىغا مال يەتكۈزمەكچى بولساق، ئۆزىمىز يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىجارە ئالاتتۇق، بەزىدە ئاپتوموبىل تېپىلمايمۇ قالاتتى. ھازىر ‹بىر يۈەنلىك› ئاممىۋى ئاپتوبۇس كۈندە قاتنايدۇ، بىرىپ - كېلىشكە ئىككى يۈەنلا كېتىدۇ، ئەرزان، قولايلىق!» 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سەھەردە، ئالتاي شەھىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى كىشقوبې شۆبە مەيدانىنىڭ ئاھالىسى چېن سۇڭخۋا ئۆيىدىكى يەرلىك توخۇملارنى ئوراپ قاچىلاپ، شەھەر - يېزا «بىر يۈەنلىك» ئاممىۋى ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئالتاي شەھەر رايونىغا مېڭىشقا تەييارلاندى.

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا ئالتاي ۋىلايىتى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «8+2» مەخسۇس تۈزەش ۋە «1+3+3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان گەۋدىلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ تۈزىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، تىزىملىكتىن ئۇچۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش، ھەممىسىنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

چەت - ياقا جايلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش، يول يۈرۈشى قىممەت بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، ئالتاي ۋىلايىتى بۇنى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈشنى مەخسۇس تۈزەش مەسىلە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلدى. ھۆكۈمەت مۇلازىمەتنى سېتىۋېلىش، مالىيە ئارقىلىق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، 47 يېزا - بازار، 310 كەنتتە شەھەر - يېزا «بىر يۈەنلىك» ئاممىۋى ئاپتوبۇسىنى يولغا قويدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ۋىلايەتتە تىجارەت تىرانسپورت لىنىيەسىدىن 40ى ئېچىلىپ، 44 ئاپتوبۇس سەپلىنىپ، 212 مىڭ 700 ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈلۈپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

چەت، ياقا كەنت ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ دورا ئېلىشى قىيىن بولۇش، چوڭ شەھەرگە بېرىپ كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، كۆكتوقاي ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا تۈزەش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، داۋالاش - دورا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يىراقتىن داۋالاشنى كىرگۈزدى. ناھىيە، يېزا داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، داۋالاش بايلىقلىرىنىڭ تەك يۆنىلىشتە بىرىكىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر - يېزا داۋالاش، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ناھىيە، يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ «كىچىك كېسەل كەنتتىن چىقماسلىق، چوڭ كېسەل بازاردىن چىقماسلىق» ساغلاملىق تورىنى بەرپا قىلدى. «دېھقان - چارۋىچىلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، دوختۇرخانا شىنجاڭغا نەشانلىق ياردەم بەرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر ۋە تايانچ ۋراچلارنى تەشكىللەپ ئوخشاش بولمىغان تۈركۈملەرگە بۆلۈپ پۈتۈن ناھىيەدىكى ئون يېزا - بازارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ھەقسىز كېسەل كۆرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچى ئاممىنى ئىشكى ئالدىدىلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىلەندۈردى» دېدى كۆكتوقاي ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جياڭ چاۋ.

ئالتاي شەھىرى بىنخې يولى مەھەللىسى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، مەسىلىلەرنى يىغىش ئارقىلىق ئامما ئىنكاس قىلغان پار ئىسسىماسلىق ئەھۋالىنى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش مەسىلىسى سۈپىتىدە ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارغا ئىنكاس قىلدى. ئالتاي شەھەرلىك پارتكوم مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل قىلىپ، بۇ ئولتۇراق رايوننىڭ پار تۇرۇبىسىنى ئالماشتۇرۇشنى 2019 - يىللىق شەھەردىكى كەپە مەھەللىلەرگە ئۆل ئەسلىھەلىرنى سەپلەش قۇرۇلۇش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلاپ ئولتۇراق رايوندىكى كونا پار تۇرۇبىلىرىنى ئالماشتۇردى. ھازىر، بىنخې يولى مەھەللىسىنىڭ پار تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملىنىپ، ئولتۇراق رايوندىكى 594 ئائىلىنىڭ ھەممىسىگە پار بېرىلدى.

ئالتاي شەھىرىدىكى كاڭجېك ئولتۇراق رايونى ئاھالىسى گاۋ چېن مۇنداق دېدى: «پۈتۈمدا ئېغىر رېماتىزم كېسىلى بار، شامالدىسام بولمايدۇ، پار يولى ئۆزگەرتىلىپ، پار بېرىلگەندىن كېيىن، ھازىر ئۆيىمىز بەك ئىسسىق، بەدىنىمىز ئىللىدى، قەلبىمىزمۇ ئىللىدى، بەخت تۇيغۇمىز تېخىمۇ كۈچەيدى!»

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ تىلىڭ، شىيا چىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈلى، خۇ جىنلياڭ، خۇ جۈنشيۇ يازغان)**

# قەشقەر ۋىلايىتى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، تۈزىتىشنى تۇتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«8+2» مەخسۇس تۈزەش ۋە «1+3+3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، قىلدىغاننى قىلماسلىق مەسىلىسىنى سىجىل تۈزەپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى باشلامچى قىلىپ، كۆزنەك مۇلازىمەتنى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى مەخسۇس تۈزەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. نۆۋەتتە، مەركەز «مۇلازىمەت مەركىزى+ بانكا+ كارخانا»دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىشىپ بېجىرىش ئەندىزىسىنى قوللاندى، كەسىپ بېجىرگىلى كەلگەن كارخانىلار پەقەت بىر نۇسخا ئۈچ تەرەپ كېلىشىمنى ئىمزالىسىلا بولىدۇ، باشقا رەسمىيەتلەرنى مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن بانكا مەسئۇل بولۇپ بېجىرىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېي جېن مۇنداق دېدى: «بىز دىققەتنى ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىدىكى قىيىن نۇقتا، مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتىدىكى توسۇق نۇقتا ۋە ئاغرىق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، يۇقىرى - تۆۋەننى بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ ئىنقىلاپ، قاراتمىلىق ھالدا تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىش بېجىرىدىغان ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇردۇق».

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، قەشقەر ۋىلايىتى ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىپ، بىر نەپەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋىلايەتتىكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا مەسئۇل بولۇش، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى 12 ناھىيە، شەھەرگە مەسئۇل بولۇشنى ئېنىق بېكىتىپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار باش، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان 13 يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، رەھبەرلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىگە ئالدى. قەشقەردىكى ھەرقايسى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار، ئورۇنلار، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىغا پۈتۈن مۇساپىلىك يېتەكچىلىك قىلىپ، ياخشىلاش پىكرىدىن 379نى، ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان مەسىلىدىن 15نى ئوتتۇرىغا قويدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ما جيەن مۇنداق دېدى: «ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ تۇتتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بەنزە ئەزالىرى «مەسئۇلىيەت ئېتىزى»نى ياخشى تېرىدى، خىزمەتلەرنى كونكرېت تۇتۇش، ھەمكارلىشىپ تۇتۇش بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا - كەنتلەر بىر دەرىجىدە يەنە بىر دەرىجىنى تۇتتىدىغان، قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتىدىغان مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى چوڭ ئەندىزىسى شەكىللەندى».

كوناشەھەر ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسى پارتكومى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تۇرۇبا سۈيى بېسىمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى چىڭ كۆزلەپ، ئاممىنىڭ تۇرۇبا سۈيى ئىچىش بىخەتەرلىكىنى ئۈيمۇئۈي رەتكە تۇرغۇزۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۇرۇبا سۈيى تۇرۇبىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ ھەم ئاممىغا تۇرۇبىنى ھەقسىز ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، تۈزەش مەزمۇنى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە بىۋاستە يۈزلىنىش، تۈزەش جەريانىدا ئاممىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش، تۈزەش نەتىجىسىدە ئاممىنىڭ باھاسىنى قوبۇل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى ماڭا ياردەملىشىپ سۇ تۇرۇبىسىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، مەن ئەمدى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ توڭلاپ قېلىشىدىن، سۇ بېسىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم» دېدى كوناشەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىسى دەسۇ كەنتىنىڭ ئاھالىسى مەمەتجان ئوسمان.

نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتى مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مەخسۇس تۈزەش ھېساباتى دەپتىرىدىن جەمئىي 1972نى تۇرغۇزۇپ، 613نى تۈزەتتى.

# شىنجاڭدا ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج، تۆۋەنلىتىلگەن ھەق 17 مىليارد 700 مىليون يۈەندىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى پايدىسىنىڭ داۋاملىق قويۇپ بېرىلىش بازار سۇبيېكتى كۈزلىمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، جەمئىيەت ئىستېمالىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە رولىنى كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەندۈرگەن.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 165 مىڭ 200 يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىنغان باج تاپشۇرغۇچى كۆپىيىپ، ئېيىغا ئوتتۇرىچە 18 مىڭ 400ى يېڭىدىن كۆپەيگەن؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى (دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.1% ئاشقان؛ سانائەت سېلىنمىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.5% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە كان ئېچىش كەسپى سېلىنمىسى تېز سۈرئەتتە ئېشىشنى ساقلىغان، ئېشىش سۈرئىتى 59.2%كە يەتكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئەلئارا سېلىنما 8.7% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە بولغان ئېشىش سۈرئىتىدىن 2.9 پىرسەنت پوئېنت تېز بولغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5.6% ئاشقان، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 6.1% ئاشقان، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 5.6% ئاشقان. باج تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2019 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1118 كارخانا كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى جەملەپ ھېسابلاش، ئېنقلاپ تاپشۇرۇش، مەلۇم قەلىشتا تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى باجدىن ئىلگىرى قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51% ئېشىپ، كارخانىلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگەن، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان.

باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئۈمىدىنى ئۆستۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ جانلىنىشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئۈمىدىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى يارىتىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلار شەخسىي تاپاۋەت بېجى ئىسلاھاتى پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى كىرىم بىۋاستە ئېشىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارى ئۆستى. لو ئەيمىن مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «ئاساسلىق ھۆججەتچى»لىق مەسئۇلىيىتىنى داۋاملىق ياخشى ئادا قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى سىياسەت ئۈنۈم ئېففېكتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، باج - ھەق تاپشۇرۇشتىكى خەلققە قولايلىق تۈرلۈك يېڭى تەدبىرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق خەلققە قولايلىق يارىتىشنىڭ «بىرىكمە مۇشتى»نى سىجىل ياخشى ئېتىپ، باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ سىياسەت پايدىسى ۋە باج تاپشۇرۇش قولايلىقىدىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق ئېرىشىش تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.